# قىز-خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىكى ئورنى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەبدۇلئەزىز ئىبنى
ئابدۇللاھ ئىبنى باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

2014 - 1435

IslamHouse.com

# موقف المرأة من الدعوة إلى الله

« باللغة الأويغورية »


فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني



2014 - 1435

IslamHouse.com

# قىز-خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىكى ئورنى

21730- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

قىز-خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشى توغرىسىدا قانداق قارايسىلەر؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

قىز-خانىملارنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەشتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئەمەلدە ئەرلەرگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا دىنى ئالىملارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئىنتايىن روشەن.

قىز-خانىملارنىڭمۇ ئەرلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان شەرئى ئەدەپلەر بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلىشى قاتارلىق ئىشلار زۆرۈر بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت ئۇنى باشقىلار ئايال دەپ كۆزگە ئىلماستىن مەسخىرە قىلىسا ياكى دەشنام قىلىغاب تەقدىردىمۇ سەۋرسىزلەنمەستىن، ئارتۇق بىئارام بولماستىن، دەۋەتتىن سۇسلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. بەلكى بۇ ئازار-كۈلپەتلەرگە چىداپ سەۋر قىلىپ دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. شۇنداقلا دىنى

دەۋەت يولىغا ئاتلانغان ھەرقانداق ئايال، ئىپپەتلىك ۋە ھىجابلىق بولۇشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولىشى، يات ئەرلەردىن ۋە ئۈلارغا ئارىلىشىشتىن يىراق بولىشى لازىم. ئومۇمەن دەۋەت جەريانىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ئۆزىدە سادىر بولۇپ قىلىشىدىن ساقلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئەگەر ئەرلەرگە دەۋەت يەتكۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۈلاردىن بىرەر كىشى بىلەن خالى تۇرماستىن بەلكى تولۇق ھىجاب بىلەن ئومۇمغا دەۋەت قىلىش لازىم. ئاياللارغا دەۋەت قىلغاندا ئۈلارغا ھېكمەت بىلەن سۆز قىلىشى، ئېسىل-ئەدەپ، گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلارغا ئۈلگە بولىشى لازىم. ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يىتىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىشى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا كىشىلەرنى پىتنىگە تاشلايدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشتىن ساقلىنىشى، گۈزەللىكىنى ئاشكارا قىلىش، نازلىنىپ سۆزلەش قاتارلىق ئۆزىگە ئىنكار قىلىنىدىغان ۋە پىتنىگە سەۋەپ بولىدىغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. بەلكى ئۆزىنىڭ دىنى ۋە يۈز ئابرۇيىغا زىيىنى يەتمەيدىغان يوللار بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. [شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازنىڭ "مۇسلىملەر ئۈچۈن پەتىۋالار" ناملىق ئەسىرى 1010-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچىدۇر.